## 1985 ـ ئىسلام قاچان باشلانغان؟

### سۇئال

ئىسلام قاچان باشلانغان؟، ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا نەچچە يۈز يىل ئۆتكەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

ئىسلام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىپ، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا، مەككە مۇكەررەمەگە ۋەھيىنى ئېلىپ چۈشۈش بىلەن باشلانغان، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرىق ياشقا كىرگەن، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئون ئۈچ يىلى بۇرۇنقى رامىزان ئېيىنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئىدى. (ھىجرەت قىلىنغان ۋاقىت بولسا ھىجرىيە تارىخىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىدۇر). مىلادىيە تارىخىغا كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشى مىلادىيە تارىخىغا كۆرە، مىلادىيە 608- ياكى 609-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن سالمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەۋەر بېرىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا ئالتە يۈز يىل ئۆتكەن دەيدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.